# سلەرگە يالغان چاپلاشنىڭ نېمىلىكىنى دەپ بەرمەيمەنمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا سۇخەنچىلىك قىلىشتۇر

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: سلەرگە يالغان چاپلاشنىڭ نېمىلىكىنى دەپ بەرمەيمەنمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا سۇخەنچىلىك قىلىشتۇر

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۈممىتىنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا سۇخەنچىلىك قىلىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بۇزۇش ئۈچۈن كىشىلەر ئارىسىدا گەپ توشۇشتىن ئاگاھلاندۇردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سوئال تەرىقىسىدە گېپىنى باشلىدى، چۈنكى بۇ ئۇسلۇب ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ قەلبىگە بەكرەك تەسىر بېرىش ۋە دىققىتىنى تارتىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇلاردىن، (يالغان چاپلاش دېگەن نېمە؟) يەنى: يالغانچىلىق ۋە گەپ توقۇش دېگەن نېمە؟ بۇ سۆز (سېھىر) دەپمۇ چۈشەندۈرۈلگەن. ئاندىن بۇ سوئالغا جاۋاپ بېرىپ، يالغان چاپلاش دېگەن: كىشىلەر ئارىسىدا ئاداۋەت توشۇشتۇر. چۈنكى بۇنداق قىلىش سېھىرگەرلىكنىڭ نەتىجىسىدىن كەلگەن پىتنە تېرىش، كىشىلەرگە زىيان ئۇرۇش، ئىتتىپاق ئىككى قەلبنىڭ ئارىسىنى ئايرىش، ئىككى يېقىن كىشىنىڭ ئالاقىسىنى بۇزۇش ۋە كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىنىڭ ئۆچ-ئاداۋەتكە تولۇشىغا سەۋەب بولۇشتەك ئىشلارغا ئوخشايدۇ. بۇ كىشىلەر ئارىسىدا كۆرۈلۈۋاتقان ئىشلاردۇر

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5942

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee